السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كاشكى مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام ئىكەن دېمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كاشكى مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام ئىكەن دېمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ شۇ مېيىتنىڭ ئورنىدا قەبرىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىغۇچە قىيامەت بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بىردۇ، بۇنىڭ سەۋەبى: ئۇ كىشى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ باتىل ۋە ئۇنىڭ ئەھلى غالىپ كېلىپ، گۇناھ-مەسىيەت، پىتنە -پاساتلار ئاشكار بولۇپ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دىنى كىتىپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق دەيدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65022

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee